## 106566 ـ ئېهراملىق كىشى كۆڭلۈك ئىشلەتسە توغرا بولامدۇ؟

### سۇئال

ئېهراملىق كىشى كۆڭلۈك ئىشلەتسە قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

كۆن نۇرىدىن ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆنلۈك كۆتۈرۈۋالسا توغرا بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئېهرامدا ئەرلەرنىڭ بېشىنى ئورىۋېلىشتىن چەكلىگەنلىكى توغرىسىدىكى چەكلىمىنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇ بېشىنى ئوراش ئەمەس، بەلكى كۆن نۇرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆنلۈك ئىشلىتىشتۇر. ئىمام مۇسلىم بايان قىلغان سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما بىرگە بولغان بولۇپ، ئىككىسىنىڭ بىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى يېتىلىۋالغان بولۇپ، يەنە بىرى كىيىمىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغانغا قەدەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى كۆن نۇرىدىن سايە قىلىپ توسقان. يەنە بىر رىۋايەتتە: كىيىمىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىگە سايە قىلىپ كۆن نۇرىدىن توسقان دەپ كەلتۈرگەن.

بۇ ھەدىس پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئېهرامدىن چىقىشتىن بۇرۇن ئېهراملىق ھالەتتە كىيىم بىلەن سايە قىلىنىپ كۆن نۇرىدىن سايىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 22-توم 147-148-بەت].